# شى جىنپىڭ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككىنچى، ئوچۇق يېڭىلىق يارىتىدىغان دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىش. ھەرقايسى دۆلەتلەر يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىدىن ھەمبەھرلىنىشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللاپ، يېڭىلىق يارىتىش مەنبەسىنى تولۇق قېزىش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى ئورتاق كۈچەيتىش كېرەككى، بىلىمنى قامال قىلىش، پەن - تېخنىكا ھاڭىنى پەيدا قىلىش، ھەتتا كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك.

ئۈچىنچى، ئوچۇق ھەمبەھرلىنىدىغان دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىش. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى ئورتاق قوغداپ، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنىڭ يادرولۇق قىممىتى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سودا ۋە سېلىنمىنى ئەركىنلەشتۈرۈش، قولايلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئەڭ تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەرنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىغا نەپ يەتكۈزۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغاندا، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ. بىز ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىمىز.

بىرىنچى، بازارنى ئېچىۋېتىش داۋاملىق كېڭەيتىلىدۇ. جۇڭگودىكى ئوتتۇرا ھال كىرىملىك توپنىڭ كۆلىمى پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ، بازار كۆلىمى غايەت زور، يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، ئىستىقبالى مۆلچەرلىگۈسىز. جۇڭگو بازىرى مانا مۇشۇنداق چوڭ، كۆپچىلىكنىڭ كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى قارشى ئالىمىز. جۇڭگو تېخىمۇ جانلىق بولغان دۆلەت ئىچى بازىرىنى پائال قۇرىدۇ، ئىمپورتنىڭ رولىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، تاموژنا بېجى ۋە تۈزۈم خاراكتېرلىك تەننەرخنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىدۇ، بىر تۈركۈم ئىمپورت سودىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان رايونلارنى يېتىشتۈرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى ئىمپورت قىلىشنى كېڭەيتىدۇ.

ئىككىنچى، ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. جۇڭگو ئەركىن سودا سىناق رايونىنى دادىل سىناق قىلىش، دادىل بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا داۋاملىق ئىلھام بېرىدۇ، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىدۇ، بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتى، گۇاڭدوڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق تۈرتكە بولىدۇ ھەم خۇاڭخې ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنى تۈزىدۇ، ئېچىۋېتىشنىڭ بىرلەشمە ھەرىكەت ئۈنۈم ئېففېكتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، تىجارەت - سودا مۇھىتى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇلىدۇ. جۇڭگو داۋاملىق ھالدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك زىددىيەتلەرگە قارىتا، ئاچقۇچلۇق ھالقىلار ۋە مۇھىم ساھەلەردە ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئارقىلىق يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بازارلاشقان، قانۇنچىلاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، چەت ئەل مەبلىغى بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، سەلبىي تىزىملىكنى داۋاملىق قىسقارتىپ - ئازايتىپ، مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداش، ئۇچۇر دوكلاتى قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

تۆتىنچى، كۆپ تەرەپلىك، ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىق داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ زۆرۈر بولغان ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنىڭ نوپۇزلۇقلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلىكىنى كۈچەيتىشنى قوللايدۇ. رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىنىڭ بالدۇرراق ئىمزالىنىپ كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەر بىلەن يۇقىرى ئۆلچەملىك ئەركىن سودا كېلىشىمى ئىمزالاپ، جۇڭگو — ياۋروپا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى، جۇڭگو - ياپونىيە - كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمى، جۇڭگو — پارس قولتۇقى ھەمكارلىق كومىتېتى ئەركىن سودا كېلىشىمى سۆھبىتى مۇساپىسىنى تېزلىتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق مېخانىزم ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بەشىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش داۋاملىق ئالغا سىلجىتىلىدۇ. جۇڭگو ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ھەمبەھرلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق، يېشىل، پاك بولۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بولۇش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈپ ۋە زورايتىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئاشۇرۇشقا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا يېڭى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ چوقۇم تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ھەم جەزمەن پارلاق بولىدۇ.

شى جىنپىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تارىخنىڭ ئۇزاق كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە مەنسۇپ ئۇلۇغ ئىش. جۇڭگو قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ بازار پۇرسىتى، سېلىنما پۇرسىتى، ئېشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، ئوچۇق تىپتىكى دۇنيا ئىقتىسادى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ نۇتۇق سۆزلىگەن جەرياندا، پۈتۈن مەيداندا كۆپ قېتىم قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

ئارقىدىن، فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون، گرېتسىيە زۇڭلىسى مىتسوتاكىس، ياماييكا زۇڭلىسى ھولنېس، سېربىيە زۇڭلىسى برنابىچ، ئىتالىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى دىمايو، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى ئازېۋېدو ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلدى. ئۇلار جۇڭگو ئۆتكۈزگەن 2 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، بۇ، جۇڭگو رەھبىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىنى ئېنىق نامايان قىلىپ بەردى، جۇڭگونىڭ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان روھىنى ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ۋە ئەركىن سودا، مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئىرادىسى ۋە سەمىمىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، دەپ قارىدى.

ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش دېيىشكە بولىدۇ، بۇ، زامانىمىزدىكى خەلقئارا تەرتىپنىڭ مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولغان، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىنىڭ پايدىسىدىن بولغان. جۇڭگو ھەم يەر شارىلىشىشتىن مەنپەئەتلەنگۈچى، ھەم ئۇنى بەرپا قىلغۇچى. قەدىمىي يىپەك يولى بۈگۈن يەنە داۋاملىشىپ، ياۋروپا بىلەن جۇڭگونى تېخىمۇ زىچ تۇتاشتۇردى. جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەت ھېكايىسى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، جۇڭگو دۇنياغا ئېچىۋېتىشكە موھتاج، دۇنيامۇ جۇڭگوغا ئېچىۋېتىشكە موھتاج. ئېچىۋېتىش ياۋروپانىڭمۇ تاللىشى. ھەرقايسى دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىش تەدبىرىگە يۈكسەك ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ئىنتايىن ئۈمىد قىلىدۇ. يەر شارىلىشىش داۋامىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىققا مۇراجىئەت قىلىش، تاموژنا بېجى قورالى ۋە ئورمانلىق قائىدىسىنى قوللىنىش ھازىرقى دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ، بۇ فرانسىيەنىڭ تاللىشى ئەمەس، شۇنداقلا ياۋروپانىڭمۇ تاللىشى ئەمەس. سودا ئۇرۇشىدا يەڭگۈچى بولمايدۇ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم سودا ھەمراھى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەنپەئەتى ھەممىدە كۆپ تەرەپچىلىك، ئەركىن سودا ۋە كۆپ تەرەپلىك سودا سىستېمىسى قوغدىلىشى كېرەك. ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇڭگونى مۇھىم ھەمكارلىق ھەمراھى، دەپ قارايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش روھىنى كۆزلەپ، كۈچلۈك كۆپ تەرەپچىلىكنى ئورتاق قوغداپ، تېخىمۇ تەڭپۇڭ خەلقئارا تەرتىپ بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان چەت ئەللىك رەھبەرلەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىدىكى مۇھىم موتور ۋە خەلقئارا سودىدىكى مۇقىم ئامىل. جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدىكى، 21 - ئەسىردە دۆلەت بىلەن دۆلەت كونسېرى بىر - بىرىگە تايىنىدىغان، تەقدىرداش بولۇۋاتقان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە، پەقەت سىرتقا ئېچىۋېتىپ، بېكىنمىچىلىك قىلمىغاندىلا، پائال ھەمكارلاشقان، قوشنىلىرىغا زىيان يەتكۈزمىگەندىلا، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالغان، ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمىگەندىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل كېڭەيتىشى دۇنيا ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ۋە ئېچىۋېتىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالاقە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىگە ئورتاق قۇچاق ئېچىشنى خالايدۇ.

باشلىنىش مۇراسىمىدىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشتى ھەم دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانىچىلار ۋەكىللىرى، «جۇڭگونىڭ 70 يىللىق تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى» مۇنبىرىگە قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ئاقىللار ئامبىرى، تاراتقۇلار ۋەكىللىرى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كىچىك تىپتىكى مىنىستىرلار يىغىنىغا قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ مىنىستىرلىرى ۋە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى.

دىڭ شۆشياڭ، لى چياڭ، ياڭ جيېچى، خۇ چۈنخۇا، خۇاڭ كۈنمىڭ، ۋاڭ يى، جاۋ كېجى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

خۇ چۈنخۇا باشلىنىش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. جەمئىي 181 دۆلەت، رايون، خەلقئارا تەشكىلات قاتناشتى، 3800دىن كۆپرەك كارخانا كۆرگەزمىگە قاتناشتى.

شۇ كۈنى، خۇڭچياۋ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرى ئۆتكۈزۈلدى، پۈتۈن دۇنيادىكى ھۆكۈمەت، سودا، ئىلىم - پەن، تەتقىقات ساھەسىدىن كەلگەن 4000دىن كۆپرەك ئەزىز مېھمان قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان چەت ئەل رەھبەرلىرى بىلەن بىللە كۆرگەزمە سارىيىنى كۆزدىن كەچۈردى

(بېشى 1 - بەتتە)

فرانسىيە كارخانىلىرى جۇڭگو بازىرىغا ياخشى قارايدۇ، جۇڭگوغا قاراتقان ئېكسپورتنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ ئىستېمال بازىرى ناھايىتى چوڭ، ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى كۆپ خىللاشقان ئېھتىياجنى قاندۇرالايدۇ، فرانسىيە كارخانىچىلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى نەزەرىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو ۋە چەت ئەل رەھبەرلىرى قىزغىنلىق بىلەن بىر تەرەپتىن ماڭغاچ، بىر تەرەپتىن كۆردى. شى جىنپىڭ قىسمەن دۆلەتلەرنىڭ كۆرگەزمە سارىيىغا كىردى. تانزانىيەنىڭ ياۋگوسى، گرېتسىيەنىڭ مەززىلىك تائاملىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى، ئىتالىيەنىڭ ئۈزۈم ھارىقى، يامايكىنىڭ لەنشەن قەھۋەسى، رۇم ھاراق تورتى، ھىندونېزىيەنىڭ پالما مېيى، رۇسىيەنىڭ يېڭى تىپتىكى تىك ئۇچار ئايروپىلانى ۋە ئاپتوموبىلى كۆزنى قاماشتۇراتتى.

شى جىنپىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم پات - پات سوئال سوراپ، سەمىمىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ ھەمتۈرتكە بولدى. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى رىقابەت كۈچىگە ئىگە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، تونۇشتۇرۇشنى كۈچەيتىكەنلىكىنى قارشى ئالىمىز، بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

شى جىنپىڭ بىلەن ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىرلىكتە جۇڭگو سارىيىغا كەلدى. «يېڭىلىق يارىتىشچان جۇڭگو» بۆلىكىدە كەلگۈسىدىكى ئېلېكترلەشكەن ئايروپىلاننى تەقلىدىي تۇيلاشتۇرۇش سۇپىسىدا، ماكرون زور قىزىقىش بىلەن جۇڭگونىڭ سودىدا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ تەقلىدىي ھەيدەش بۆلۈمچىسىدە ئولتۇرۇپ مەشغۇلات قىلدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل رەھبەرلىرى يەنە جۇڭگو خاس بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولغان يەككە دىيامېتىرلىق رادىيو تېلېسكوپ — «جۇڭگو تيەنيەن» ۋە «شېڭخەي يۈڭشى» ناملىق ئادەملىك چۆككۈنىڭ مودېلىنى كۆردى.

«ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو» بۆلىكىدە، ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئاڭلىدى.

«گۈزەل جۇڭگو» بۆلىكىدە دۇنيا مەدەنىيەت مىراسى بولغان «جۇڭخۇادىكى بىرىنچى شەھەر» لياڭجۇ قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ قۇم مودېلى تىزىپ قويۇلغانىدى. ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بەس - بەستە جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

«بەختلىك جۇڭگو» بۆلىكىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەتۈر ساناق ئېكرانىنىڭ ئالدىدا، شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەجرىبىلەردە ئورتاقلىشىپ، نامراتلىق بولمىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇشنى خالايدۇ.

جۇڭگو ۋە چەت ئەل رەھبەرلىرى يەنە بىرلىكتە جۇڭگو تەيۋەن، ئاۋمېن ۋە شياڭگاڭ كۆرگەزمە رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىردەك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە يۈكسەك باھا بەردى، بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى تەرەپ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە چىقىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ پارلاق كەلگۈسىگە ئومۇميۈزلۈك ياخشى قارىدى، جۇڭگو بىلەن بىرلىكتە ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، گۈللىنىشنى ئۈمىد قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، لى چياڭ، ياڭ جيېچى، خۇ چۈنخۇا، خۇاڭ كۈنمىڭ، ۋاڭ يى، جاۋ كېجى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى

# مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز يۈەن لىي خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ 2019 - يىللىق 11 - قېتىملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 6 - قېتىملىق دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش كۈنى يېتىپ كېلىش پەيتىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى قاتارلىقلار ئۆگىنىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، 2020 - يىلى دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى تاشلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامرات ئاھالىلەر ۋە نامرات رايونلارنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرگۈزۈش پارتىيەمىزنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدىسى، ئۇ جۇڭخۇا مىللىتىگە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئىش. نۆۋەتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىردى، ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتگورۇپپىسى ھەم ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش ۋە بىرىنچى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىق، تەرەققىيات پايدىسىدىن ھەمبەھرلەندۈرۈش داۋامىدا تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك چەكلەپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلار ۋە كەنت، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ نامراتلارغا ياردەم بېرىش، يۆلەشنى تۇتقا قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، تۇرالغۇ ۋە ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى «كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش» سالمىقىنى زورايتىپ، بۇ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنى كۆزلەپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىپ ھەرىكەتچان باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇقىملاشمىغان نوپۇس ۋە چەتتە قالدۇرۇلغان نوپۇسلارنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى تەلەپ بويىچە ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىش، يۆلەش كېرەك. بۇ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش ھەم كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى پىلانلاشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، تەكشۈرۈش - باھالاشنى ياخشى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان قاتتىق تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي تاماملاش كېرەك.